# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى قاراڭغۇ كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىراقىقا ئوخشاش ئىككى نۇر پەيدا بولدى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشى قاراڭغۇ كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا چىراقىقا ئوخشاش ئىككى نۇر پەيدا بولدى، ئۇ ئىككىسى ئايرىلىشقاندا ئۇ نۇر ھەر بىرسى بىلەن ئۆيگە كەلگۈچىلىك بىللە بولدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بۇ ھەدىس پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئىككى كىشىگە ئاشكارا بولغان كارامەتنى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ھەدىسنىڭ بەزى رىۋايەتلىرىدە بۇ ئىككى كىشى: ئەبباد ئىبنى بەشىر ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھۇدەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېيىلگەن. بۇ ئىككى ئۇلۇغ ساھابە يول مېڭىش قىيىن بولغان بەك قاراڭغۇ بىر كېچىدە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا بولغان، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئاجايىپ بىر كارامەت بىلەن ئىكرام قىلغان، ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا يولدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا توك چىراغىنىڭ يورۇقلىقىغا ئوخشاش نۇرنى پەيدا قىلغان، ئۇ نۇر ئىككەيلەننىڭ ماڭىدىغان يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، بۇ ئىككى ئۇلۇغ ساھابە ئۆز ئۆيلىرى تەرەپكە ئايرىلغاندا، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز ئۆيىگە تىنچ-خاتىرجەم كېتىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىلەن بىر پارچىدىن نۇر بىرگە بولغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3466